## مەككىدە نازىل بولغان — سۈرە قۇرەيش — 4 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

لِإِيلَٰفِ قُرَيۡشٍ ﴿١﴾ إِۦلَٰفِهِمۡ رِحۡلَةَ ٱلشِّتَآءِ وَٱلصَّيۡفِ ﴿٢﴾ فَلۡيَعۡبُدُواْ رَبَّ هَٰذَا ٱلۡبَيۡتِ ﴿٣﴾
ٱلَّذِيٓ أَطۡعَمَهُم مِّن جُوعٖ وَءَامَنَهُم مِّنۡ خَوۡفِۭ ﴿٤﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللە نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن*** ﴿1﴾***. ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن*** ﴿2﴾***. بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللە)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى*** ﴿3 - 4﴾.

مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەملەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى بىلەن بۇنىڭ ئالدىدىكى فىل سۈرىسىنىڭ مەنىسى ئۆز ئارا باغلىنىشلىق بولسىمۇ، (لېكىن) بۇ سۈرە (ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپەيتىپ تارقاتقان) قۇرئاندا ئۇنىڭ بىلەن فىل سۈرىسىنىڭ ئارىلىقى ﴿بسم الله الرحمن الرحيم﴾ بىلەن ئايرىلىپ يېزىلغاندۇر. چۈنكى، مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ۋە ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەملەرنىڭ قارىشىچە، بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى: قۇرەيشلەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ شەھرىدە خاتىرجەم ھالدا تويلىنىشى ئۈچۈن بىز پىلنىڭ مەككىگە (كىرىشىنى) توختاتتۇق ۋە پىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلدۇق، دېگەنلىك بولىدۇ.

بۇ سۈرىنىڭ مەنىسىدىن قۇرەيشلىكلەرنىڭ تىجارەت قىلىش ئۈچۈن قىشتا يەمەنگە، يازدا شامغا قىلغان سەپەرلىرىدە (ھېچقانداق خەتەرگە ئۇچرىماي) ئۆزلىرىنىڭ شەھەرلىرىگە خاتىرجەم ھالدا قايتقانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. (قۇرەيشلىكلەرنىڭ شۇنداق قوغدىلىشىنىڭ سەۋەبى) ئۇلار ھەرەمدە ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر بولغانلىقى ئۈچۈن باشقا كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە ھۆرمەتلىك كىشىلەر دەپ قارالغانلىقىدۇر. كىمكى ئۇلارنىڭ (قۇرەيشلەر ئىكەنلىكىنى) بىلسە، ئۇلارغا ھۆرمەت قىلاتتى. ھەتتا كىمكى ئۇلارغا سەپەرلەردە قوشۇلۇپ ئۇلار بىلەن بىللە ماڭسا، ئۇ كىشىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە خاتىرجەملىككە ئېرىشەتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ قىشلىق ۋە يازلىقلىرىدىكى سەپەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدۇر.

اللە تائالا ئەمما ئۇلارنىڭ ھەرەمدىكى ئەھۋالىنى بايان قىلىپ بۇ ئايەتتە مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (يەنى مۇشرىكلار) كۆرمەمدۇكى، بىز ھەرەمنى ئامان (جاي) قىلدۇق، ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئەسىر ئېلىنىۋاتىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، ئۇلار باتىلغا ئىشىنىپ، اللە نىڭ نېمىتىنى ئىنكار

www.munber.org

قىلامدۇ؟﴾[1] شۇڭا الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن﴾ لېكىن، ئىبنى جەرىر بەزى گرامماتىكىلىق قائىدىلەرگە ئاساسەن بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى: سىلەر قۇرەيشلىكلەرنىڭ قوغدالغانلىقىدىن ۋە ئۇلارغا بېرىلگەن نېمەتلىرىمدىن ھەيران قالامسىلەر؟ دېگەنلىك بولىدۇ، دېدى. بۇ سۈرىنىڭ شۇنداق مەنا بېرىشىنىڭ سەۋەبى بۇ سۈرە بىلەن فىل سۈرىسىنىڭ ئايرىم - ئايرىم سۈرە ئىكەنلىكىگە ھەممە مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىككە كەلگەنلىكى ئۈچۈندۇر[2].

الله تائالا ئۇلارنى مۇشۇ كاتتا نېمەتكە شۈكرى ئېيتىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دېدى: ﴿بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ)نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى﴾ يەنى ئۇلار ئۆزلىرىگە خاتىرجەم ماكان بولغان ھەرەمنى ۋە كەبىنى قىلىپ بەرگەن، ئۇلارغا ئاچ قالغاندا رىزىق بەرگەن ۋە ئۇلارغا خاتىرجەملىكنى ئاتا قىلغان كەبىنىڭ پەرۋەردىگارى الله تائالاغا ھېچ نەرسىنى شېرىك قىلماي ئىبادەت قىلسۇن. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿(ئى مۇھەممەد! ئېيتقىنكى) «مەن پەقەت الله ھۆرمەتلىك قىلغان بۇ شەھەر (يەنى مەككە مۇكەررەمە) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم، ھەممە نەرسە الله نىڭ مۈلكىدۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىن بولۇشقا، قۇرئان ئوقۇشقا بۇيرۇلدۇم»﴾[3].

شۇڭا، كىمكى الله تائالاغا ئىبادەت قىلسا، الله تائالا ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى بېرىدۇ. كىمكى الله تائالاغا ئاسىيلىق قىلسا، الله تائالا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ خاتىرجەملىكىنى ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈۋېتىدۇ. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دېدى: ﴿الله مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرىدۇ: بىر شەھەر (يەنى مەككە ئاھالىسى) بولۇپ، (ئەسلىدە) تىنچ - خاتىرجەم ئىدى. ئۇنىڭ رىزقى تەرەپ - تەرەپتىن كەڭتاشا كېلىپ تۇراتتى، (ئۇنىڭ ئاھالىسى) اللەنىڭ نېمەتلىرىگە كۇفرىلىق قىلدى، الله ئۇلارغا قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ئاچلىقنىڭ ۋە قورقۇنچنىڭ ئەلەمنى تېتىتتى. ئۇلارغا ئۆز ئىچىدىن بىر پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) كەلدى، ئۇنى ئۇلار ئىنكار قىلدى. ئۇلارغا ئازاب (يەنى قاتتىقچىلىق ۋە ئوقۇبەت) يۈزلەندى، ئۇلار (گۇناھلارغا چۆمگەنلىك تۈپەيلىدىن) زالىم ئىدى﴾[4].

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن، شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش سۈرىسىنىڭ تەپسىرى تۈگىدى.

---

[1] سۈرە ئەنكەبۇت 67 - ئايەت.
[2] ئەگەر بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى ھازىرقىدەك بولسا، بۇ سۈرە ئىلگىرىكى سۈرىگە مەنا جەھەتتە بىر - بىرىگە ھېچقانداق باغلانمىغان بولىدۇ. بۇچاغدا بۇ سۈرە بىلەن فىل سۈرىسى ئايرىم - ئايرىم سۈرە بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇ سۈرىنىڭ مەنىسى: "قۇرەيشلەرنىڭ خاتىرجەم ھالدا ئۆزلىرىنىڭ شەھرىدە تۇرالىشى ئۈچۈن بىز فىلنىڭ مەككىگە (كىرىشىنى) توختاتتۇق ۋە فىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلدۇق" دېگەندەك بولسا، بۇ سۈرە ئىلگىرىكى سۈرە بىلەن مەنا جەھەتتە باغلىنىشلىق بولغان بولىدۇ. بۇچاغدا، بۇ سۈرە فىل سۈرىسى بىلەن خۇددى بىر سۈرىدەك ھېسابلىنىدۇ.
[3] سۈرە نەمله 91 - ئايەت ۋە 92 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[4] سۈرە نەھل 112 ــ 113 - ئايەتلەر.

www.munber.org